# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 9 - ئاي
21
دۈشەنبە
维吾尔文 9 月21日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65–0002/–W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25191 - سان بۈگۈن 4 بەت


# «ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىششلا جاھاندىكى توغرا يول»

## — رەئىس شى جىنپىڭنىڭ پات ئارىدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقى يۇقىرى دەرىجىلىكلەر يىغىنىغا قاتنىشىدىغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى ياڭ يىجۈن، جېڭ مىڭدا، پەن جيې، چېڭ شىن

75 يىللىق بوران - چاپقۇننى باشتىن كەچۈرگەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يەنە بىر تارىخىي پەيتنى كۈتۈۋالدى.

جۇڭگونىڭ دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ تەكلىپكە بىنائەن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقى يۇقىرى دەرىجىلىكلەر يىغىنىغا سىن شەكلىدە قاتنىشىدۇ ھەم مۇھىم سۆز قىلىدۇ.

كىرىزىس ئىچىدە كەلگۈسىنى ئېنىق كۆرۈش، قويۇق تۇمان ئىچىدە يۆنىلىشنى كۆرسىتىش. دۇنيا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇنبىرىدىكى جۇڭگو ئاۋازىنى كۈتمەكتە.

3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كەچتە، رەئىس شى جىنپىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى گۇتېررېس بىلەن تېلېفونلاشقاندا جۇڭگو تەشەببۇسىنى جاكارلىدى —

«بۇ يىل بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقى، بىز خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بۇنى پۇرسەت بىلىپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# خەلققە بولغان مېھىر - مۇھەببەتنى چىڭ ساقلاپ، يېڭى دەۋردىكى ئۇزۇن سەپەرنى ياخشى مېڭىش

## — شى جىنپىڭنىڭ خۇنەندە تەكشۈرۈشتە بولغانلىقى ھەم ئاساسىي قاتلام ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچقانلىقى توغرىسىدا خاتىرە

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى جاڭ شياۋسۇڭ، جۇ جىجېي، خەلق گېزىتى مۇخبىرى دۇ شاڭزې

خۇنەن تۇپرىقى قەلبىگە جاھاننىڭ غېمىنى يۈككەن، باشقىلارنىڭ ئالدىدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلىدىغان، بىلىمنى دۆلەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان، ھەممىنى قوبۇل قىلىدىغان روھىي ئالاھىدىلىكنى يېتىلدۈرۈپ، يەر - جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان قەھرىمانلىق مەردانە ناخشىسىنى يۈتكەن.

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلىش ئالدىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ داۋاملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى پىلانلاش مۇناسىۋىتى بىلەن خۇنەنگە بېرىپ تەكشۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئىنقىلابىي تارىخنى قايتا ئەسلەپ، قىزىل مەدەنىيەتنى ھېس قىلدى ھەم چاڭشادا ئاساسىي قاتلام ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، ئا-

ساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، ئاممىا ۋە-كىللىرىنىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تۈزۈشكە بولغان پىكرى ۋە تەك-لىپلىرىنى يۈزتۇرا ئاڭلىدى.

ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بىز پات ئارىدا «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پې-لاندىكى ئاساسلىق نىشان - ۋەزىپىلەرنى غەلىبىلىك تاماملاپ، پۈرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيا-لىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلايمىز. پارتىيەنىڭ شانلىق تارىخىدىن جاسارەت بىلەن ئىل-گىرىلەيدىغان مەنىۋى كۈچ قوبۇل قىلىپ، خەلقنىڭ مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئۇنتۇماي، ھەممىدە خەلقنى كۆزلەش، خەلققە چىڭ تايىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى ئۇزۇن سەپەرنى ياخشى مېڭىشىمىز كېرەك.

### خەلقنى ئۇنتۇماسلىق

«بۈگۈن، مەن ئۇزۇن يول يۈرۈپ بېيجىڭدىن بۇ يەرگە يۇرتداشلارنى يوقلى-غىلى، شۇنداقلا تەربىيە ئالغىلى كەلدىم».

خۇنەن ئۆلكىسى چېنجوۋ شەھىرى رۇچېڭ ناھىيەسى ۋېنمىڭ ياۋزۇ يېزىسى-نىڭ شاجوۋ ياۋزۇ كەنتى لوشياۋشەن تاغ تىزمىسىنىڭ جەنۇبىي بۆلىكىگە جايلاشقان بىر ياۋزۇلار كەنتى.

1934 - يىلى 11 - ئايدا، قىزىل ئار-مىيە ئۇزۇن سەپەر قىلىپ بۇ يەردىن ئۆت-كەندە، قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۈچ ئايال جەڭچىسى كەنت ئاھالىسى شۈ جيېشيۇنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغان، مېڭىش ئالدىدا ئۆزلىرىدە بار بولغان بىرلا يوتقاننىڭ يې-رىمنى كېسىپ ئۇنىڭغا قالدۇرغان، شۇن-داقلا ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ بېلىق بىلەن سۇدەك چوڭقۇر مۇھەببىتى مۇجەسسەم-لەنگەن تەسىرلىك ھېكايىنى قالدۇرغان.

2016 - يىلى 10 - ئايدا، قىزىل ئار-مىيەنىڭ ئۇزۇن سەپەر غەلىبىسىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ ھېكايىنى سۆزلىدى، «ئەينى چاغدا سۆزلەۋاتقاندىمۇ چوڭقۇر تەسىرلەنگەنىدىم».

يەنە بىر كۈز يامغۇرى ياغقان كۈن.

9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ خۇنەنگە كېلىپلا، بىۋاستە شاجوۋ ياۋزۇ كەنتىگە بېرىپ، ئالدى بىلەن «يېرىم يوتقان ئىل-لىقلىقى» مەخسۇس تېمىلىق كۆرگەزمىخا-نىنى كۆزدىن كەچۈردى.

قىزىل ئارمىيە ئايال جەڭچىلىرىنىڭ يوتقاننى كېسىپ كەنت ئاھالىسىگە سوۋغا قىلغان كۆرۈنۈش نامايان قىلىنغان ھەيكەل ئالدىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۇزاققىچە تۇردى. چۈشەندۈرگۈچى باش شۇجىغا ئەينى يىلى ئايرىلىدىغان چاغدا، قىزىل ئارمىيە ئايال جەڭچىلىرى-نىڭ شۈ جيېشيۇغا ئىنقىلاب غەلىبە قىل-غاندا يەنە ئۇنى يوقلاپ كېلىپ، ئۇنىڭغا بىر يېڭى يوتقان سوۋغا قىلىمىز، دې-گەنلىكىنى ئېيتتى. لېكىن شۈ جيېشيۇ شۇ ساقلىغانچە نەچچە ئون يىل ساقلاپ، يەنە ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلى-شىنى ساقلاپ بولالمىدى...

«ئاخىرىدا قىزىل ئارمىيەنىڭ بۇ ئۈچ ئايال جەڭچىسىنىڭ ئىز - دېرىكى بولدىمۇ؟» دەپ سورىدى باش شۇجى.

چۈشەندۈرگۈچى 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى «يېرىم يوتقان» ھېكايىسى تاراق-قۇلاردا خەۋەر قىلىنغاندىن كېيىن، دېڭ يىڭچاۋ، سەي چاڭ، كاڭ كېچىڭ قاتارلىق پېشقەدەم يولداشلار پۈتۈن مەم-لىكەتتە قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۈچ ئايال جەڭچىسىنى ئىزدەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغان، ئەپسۇس ئۇلارنىڭ ئىز - دې-رىكىنى ئالالمىغان، دەپ تونۇشتۇردى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## هەر مىللەت كادىرلار، ئاممىا بىردەك مۇنداق بىلدۈردى —

# ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمگەكچىلەرنى قەدىر - قىممەت بىلەن ئەمگەك قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانلىقى كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلغانلىق ۋە كاپالەتلىك قىلغانلىق

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئېلان قىلىن-غان «شىنجاڭنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇن-لاشتۇرۇش كاپالىتى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پۇقرالارنىڭ ئەمگەك قىلىش ھوقۇق - مەنپەئىتىگە ھۆرمەت قىلىش، ئەمگەكچى-لەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش، قەدىر - قىممەت بىلەن ئەمگەك قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىدىيەسى ۋە نىشانى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كا-دىرلار، ئاممىا مۇنداق بىلدۈردى: شىنجاڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىن-قى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆپ خىل تەدبىر، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىپ، ئەم-گەكچىلەرنىڭ قەدىر - قىممەت بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىشى، مۇقىم ئىشقا ئورۇن-لىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى، بۇ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ئەڭ ئۈنۈملۈك، ئەڭ كەڭ دائىرىدە ھۆرمەت قىلغانلىق ۋە كاپالەتلىك قىلغانلىق بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشقا ئىنتىلىشتەك گۈزەل ئارزۇسىغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.

شىنجاڭ قانۇن بويىچە ئەمگەكچى-لەرنىڭ ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈ-رۈپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى-نىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش نىزامى» قاتارلىق يەرلىك نىزاملارنى تۈزۈپ يولغا قويۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئەمگەكچىلەرنىڭ باراۋەر ئىشقا ئورۇنلى-شىش، ئىش ھەققى ئېلىش، ئارام ئېلىش - دەم ئېلىش قاتارلىق تۈرلۈك ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىگە كاپالەتلىك قىلدى. «بۇ يەرلىك نىزاملارنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئەمگەك ئىش ھەققى زىددىيىتى، جەمئى-يەت زىددىيىتىنى مۇرەسسە قىلىش، جەم-ئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، ئىشقا ئو-رۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى جەمئىيەت قۇرۇلۇشى كومىتېتى قانۇنچىلىق باشقار-مىسىنىڭ باشقارما باشلىقى ۋاڭ شىنپىڭ.

«ئاق تاشلىق كىتابتا شىنجاڭنىڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەن-پەئىتىنى قوغداش، ھەر مىللەت ئەمگەك-چىلەرنىڭ قەدىر - قىممەت بىلەن ئەمگەك قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش پاكىتلىرى ئوب-يېكتىپ، ھەققىي خاتىرىلەنگەن بولۇپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

تيانشاننىڭ جەنۇبىي - شىمالىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەر

# جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يېڭى كەيپىياتنى خۇشاللىق بىلەن كۆرۈش

## — يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ شىنجاڭدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى توغرىسىدا ئۇچۇر سال باياني (7)

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ شىنخۇڭ

9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سەھەر سائەت 8دە، پەيزاۋات ناھىيەسى قوشئاۋات يېزى-سى يۈگۈمەچلىك كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى رىزۋانگۇل مامۇت ئورنىدىن تۇردى، ئۇ ۋە ئېرى كۆپ قىسىم سەھەر تۇرغان كەنت ئاھالىلىرىگە ئوخشاش ناشتىدىن كېيىنلا بىر كۈنلۈك ئالدىراشلىقنى باشلىۋەتتى. رىز-ۋانگۇل كەنتتىكى قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ھەمكارلىق كوپىراتىپىدا ئىشلەشكە، ئېرى باغنى پەرۋىش قىلىشقا ماڭدى.

رىزۋانگۇل بارغانسېرى شۇنى كۈچلۈك ھېس قىلدىكى، بۇ بىرقانچە يىلدا، يۈگۈمەچلىك كەنتىدە ئويلاپمۇ باق-مىغان ئۆزگىرىشلەر بولدى، ھەتتا كەنت ئاھالىلىرىنىڭ مەشغۇلات ۋاقتىمۇ ئۆزگە-رىپ، ئەسلىدىكىدىن بىر سائەتتىن ئارتۇق بالدۇر ئورنىدىن تۇرىدىغان بولدى، سىرتتا ئىشلەمچىلىك قىلىدىغانلار كۆپەي-دى، تۇرمۇش رىتمى تېزلەشتى، تام تۇ-ۋىدە ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرىدىغان ھالەت يوقىدى...

رىزۋانگۇل ھېس قىلغان ئۆزگىرىش-لەر پەقەتلا يۈزەكى ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئەمەلىيەتتە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بۇ بىر-قانچە يىلدىكى چوڭقۇر قاتلاملىق ئۆزگە-رىشلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ ھەم خۇش قىلىدۇ.

شىنجاڭ بىر تاختا شاھمات، جەنۇ-بىي شىنجاڭ شاھمات كۆزى.

2 - قېتىملىق مەركىزىي شىنجاڭ خىز-مىتى سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆر-سەتتى: جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى-نى دۆلەت قاتلىمىدا يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەپ، ئالاھىدە سىياسەتنى يولغا قويۇپ، كونا قائىدە - تۈزۈملەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئالاھىدە ئىشنى ئالاھىدە بېجىرىش كېرەك.

پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كۈچى، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ كۈچى ئىشقا سېلىنغان ياردەم بېرىش - يۆلەش ھەرىكەتلىرى شۇ ھامان قانات يايدۇرۇلدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ جان-جان مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك خەلق تۇرمۇشى تۈرلىرى تېز باشلاندى، يۆلەش سالمىقى مىسلىسىز بولدى، سىياسەتتە ئېتى-بار بېرىش سالمىقى مىسلىسىز بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇ-رۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭ خىزمىتىنى مۇھىمنىڭ مۇھىمى ئورنىغا قويۇپ پىلانلاپ، ئالغا سىلجىتىش-تا چىڭ تۇردى. مەخسۇس جەنۇبىي شىنجاڭ خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئەقىل - پاراستىنى مۇجەسسەملەپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق ۋە تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتتى.

يول ئۇزۇن، توسالغۇ كۆپ بولسى-مۇ، ماڭساقلا مەنزىلگە جەزمەن يېتىمىز. بۈگۈنكى كۈندىكى جەنۇبىي شىنجاڭدا جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولۇپ، ئىقتىساد تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلىپ، ئاممىنىڭ تۇرمۇشى كۆ-رۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، مىللەتلەر ئىتتى-پاق - ئىناق بولۇپ، دىنلار ئىناق، رايىش بولۇپ، مەدەنىيلىك يېڭى كەيپە-ياتى ئەۋج ئېلىپ، ئاساسىي قاتلام تەش-كىلاتلىرى قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك كۈ-چىيىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىز-چىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە يېڭى مەنزىرە نامايان بولدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش بويىچە «100 شەھەر، 1000 ناھىيە، 10 مىڭ كەنتتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى»

قىزىلسۇ ئوبلاستى:

# چارۋىچىلارنى مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇپ، تۈرلۈك كەسىپلەرنى گۈللەندۈردى

[ ئىستون سۆزى ]

ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش مۇساپىسىدە، بىر قاتار شەھەر-لەر ئارقا - ئارقىدىن قەد كۆتۈردى، ھەر بىر ناھىيە بازىرى، يېزا - كەنتلەرنىڭ قىيا-پىتى يېڭىلىنىپ گۈزەللەشتى، ئاممىا ئېھتىياجلىق بولغان، ئۈمىد قىلغان خەلق تۇرمۇشىدىكى نۇرغۇن ئەمەلىي ئىشلار تېزدىن ئەمەلىيلەشتى، ئاممىنىڭ ئەتراپىدى-كى بەختلىك ئۆزگىرىشلەر ئەڭ گۈزەل دەۋر ھېكايىسىگە ئايلانماقتا.

يېقىنقى مەزگىلدە، پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز تيانشاننىڭ جەنۇبىي - شىمالىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، شەھەر، يېزا - كەنتلەرگە بېرىپ، فوتو ئاپپاراتى ۋە قەلىمى ئارقىلىق ئاددىي پۇقرالار ۋە يېڭى دەۋردىكى كۈرەش قىلغۇچىلار، ئەمەلىي ئىشلىگۈچىلەرنىڭ بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئى-يەتكە ئاتلىنىشتىكى جان تىكىپ ئېلىشىش ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش ھېكايىلىرىنى خاتىرىلەپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھەقىقىي ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ھېس قىلدى.

بۈگۈندىن باشلاپ، گېزىتىمىز «ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش بويىچە ‹100 شەھەر، 1000 ناھىيە، 10 مىڭ كەنتتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى» ئىستونى ئېچىپ، ھەر مىللەت ئاممىا گۈزەل يۇرت - ماكانىنى ئورتاق قۇرۇۋاتقان، بەختلىك تۇرمۇشتىن ئورتاق بەھرىلىنىۋاتقان جانلىق ئەمەلىيەتنى نامايان قىلىپ، پارتىيەمىزنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنى يېتەكلەپ ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ئاجايىپ مۇساپىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ رۇيلىن

ئازادە، يورۇق ئۆيگە كۆچۈپ كىردى، جۈمەكنى ئاچسىلا ھەر ۋاقىت تۇ-رۇبا سۈيى بار، بىر كۈن ئالدىراش ئىشلەپ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئىسسىق سۇدا يۇيۇنالايدۇ، تەبىئىي گازنى ئاچسىلا تاماق ئېتەلەيدۇ، قىشتا ئۆيدىكى پار بىلەن قىشنى راھەت ئۆتكۈزەلەيدۇ... باشقا جايدىن ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ سىلۇجيايۈەن ئولتۇراق رايونىغا كۆچۈپ كېلىشتىن ئىلگى-رى، ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ چارۋىچى-لىق رايونىدا ياشاپ كەلگەن ئابدۇرازاق ئابلىكىم تۇرمۇشنىڭ بۇنداق راھەتتە ئۆ-تۈشنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغانىدى.

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاس-تىنىڭ كۆلىمى 72 مىڭ 500 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، تاغلىق يەر كۆلىمى %90تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. «ئولتۇ-راقلاشتۇرۇپ چارۋىچىلىقنى گۈللەندۈ-رۈش» قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش ئار-قىلىق، شۇ جايدىكى چارۋىچىلار تاغ-دىكى كىگىز ئۆيلەردىن تاغ ئاستىدىكى ئولتۇراقلاشتۇرۇش نۇقتىلىرىغا كۆچۈپ كەلدى، تۇرمۇش مۇھىتىدا غايەت زور

(ئاخىرى 4 - بەتتە)



تەبىئىي گاز كەنتلەرگە يەتكۈزۈلۈپ ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈلدى

9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، لوپ ناھىيەسىنىڭ لوپ بازىرى بۇلاق چۆكە كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئالنۇرخان ئابدۇللا ئاشخانىسىدا تەبىئىي گاز ئىشلىتىپ تاماق ئەتمەكتە. نۆۋەتتە بۇ كەنتكە تەبىئىي گاز ئومۇمىيۈزلۈك يەتكۈزۈلدى، تەبىئىي گازنى كەنتلەرگە يەتكۈزۈپ ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈش ئارقىلىق لوپ ناھىيەسىدە تەبىئىي گاز ئىشلىتىۋاتقان ئائىلە 1800گە يەتتى. ☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جوۋ پېڭ فوتوسى

# ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۇلۇغ ئىشنى ياخشى خاتىرىلەيلى، ياخشى گەۋدىلەندۈرەيلى

☐ گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

بارلىق ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ھەممىسى ئەۋلادمۇئەۋلاد كىشىلەرنىڭ كۈرەش قىلىشىدىن كەلگەن، جان تىكىپ ئېلىشىشىدىن كەلگەن. نامراتلىق-تىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى باشلانغاندىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پار-تىيە كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندى-كى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىت-تىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەن-دۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈ-رۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈ-رۈشكە تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز يېڭى تەرەق-قىيات ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، يۇقى-رى سۈپەتلىك تەرەققىيات نەتىجە - ئۇ-نۇمنىڭ كۆرۈنەرلىك بولۇشىغا تۈرتكە بولدى، ئىقتىساد تەكشى، مۇقىم ئاشتى، خەلق تۇرمۇشى كۆنسېرى ياخشىلان-دى، ئېكولوگىيە سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى، شەھەر - يېزىلارنىڭ قىياپى-تى يېپيېڭى تۈسكە كىردى... ئومۇمىيۈز-لۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش-تىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىش مەردانە قە-دەمدە ئالغا ئىلگىرىلىدى.

بۈگۈنكى شىنجاڭدا، تيانشاننىڭ ئېتىكىدىن تارىم دەرياسى بويىغىچە،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)